# 105844 ـ نامازنى قەسىر قىلىپ ئۇقۇش دۇرۇس بولىدىغان مۇساپە توغرىسىدا

**سۇئال**

كىچىكىپ قايتىدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپ نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇشۇم توغرا بولامدۇ؟ مېنىڭ نامازنى قەسىر قىلىپ، ئىككى نامازنى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇشۇم ئۈچۈن دۇرۇس بولىدىغان مۇساپە 80 كىلو مېتىر بولسا، بۇ پەقەت بېرىشتىكى مۇساپىمۇ ياكى بېرىپ-كېلىشتىكى مۇساپىمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

سەپەر مۇناسىۋىتى بىلەن بەزى ئەمەللەر يەڭگىللىتىلىدىغان مۇساپە بولسا ھەر يۇرتنىڭ ئادىتىدە سەپەر دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان مۇساپە بولۇپ 80 كىلو مېتىر ئەتراپىدا ھېساب قىلىنىدۇ، ئەڭ ئاز بولغاندا مۇشۇنچىلىك جايغا بېرىشنى مەقسەت قىلغان كىشى ئۈچۈن ئايىغىغا ئۈچ كېچە-كۈندۈز مەسھى قىلىش، ئىككى نامازنى بىرگە ئوقۇش، قەسىر ئوقۇش ۋە رامزاندا روزا تۇتماسلىق قاتارلىق ئىبادەتلەرگە رۇخسەت قىلىنىدۇ. بۇ مۇساپە پەقەت بېرىش ئۈچۈن بولىدۇ.

سەپەر قىلغان كىشى ئۆزى بارغان يۇرتتا ھەنبەلى مەزھەپ قارىشى بويىچە تۆت كۈندىن ئارتۇق تۇرۇشنى(ھەنەفى مەزھەپ قارىشى بويىچە 15 كۈندىن ئارتۇق تۇرۇشنى) مەقسەت قىلسا، مۇقىمنىڭ ھۆكمىدە ناماز قاتارلىق ئىبادەتلەرنى تولۇق ئادا قىلىدۇ، تۆت كۈن ياكى ئۇنىڭدىن ئاز تۇرسا مۇساپىرنىڭ ھۆكمىدە سەپەرنىڭ ھۆكمى بويىچە ئىش قىلىدۇ.

سەپەر قىلغان كىشى ئۆزى بارغان يۇرتتا ئۆزىنىڭ قانچىلىك تۇرۇشنى، ئىشىنىڭ قاچان ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى بىلمىسە، گەرچە ئۇ كىشى ئۇ يۇرتتا ئۇزۇن تۇرۇپ كەتسىمۇ سەپەر قىلغۇچىنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ.

سۆزىمىزنىڭ خۇلاسىسى: سىزنىڭ نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇشىڭىز ئۈچۈن سىز بارىدىغان جاينىڭ ئارىسىدىكى مۇساپە 80 كىلو مېتىردىن ئىسقا بولماسلىقى كېرەك، شۇنىڭدەك سىز بارغان جايدا تۆت كۈندىن ئارتۇق تۇرۇشنى مەقسەت قىلسىڭىز نامازنى تولۇق ئادا قىلىسىز.

ئىككى نامازنى يەنى پېشىن بىلەن ئەسىرنى، شام بىلەن خۇپتەننى بىرگە ئوقۇش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇنداق قىلىش مۇساپىر كىشىگە دۇرۇس بولىدۇ، سەپەر قىلمىغان مۇقىم كىشى ئۈچۈنمۇ كېسەللىك ياكى ئالاھىدە مۇھىم ئىشلار يەنى ئوقۇغۇچىلار

ئىمتىھان بېرىۋاتقان، دوختۇر ئوپېراتسىيە ئىشى بىلەن ئالدىراش بولغانلىق سەۋەبىدىن ھەر نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇش قىيىن بولسا ئۇلارنىڭمۇ ئىككى نامازنى بىرگە ئوقۇشى دۇرۇس بولىدۇ.

تېخىمۇ تەپسىلى مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن 97844 ـ نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.